# شى جىنپىڭ لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى تۆڭلۈن بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ لائوس تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش، دوستانە قوشنا دۆلەتلەر، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش جۇڭگو ـ لائوس مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى. ھازىر، جۇڭگو ـ لائوس مۇناسىۋىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى بىلەن يەر شارىۋى يۇقۇمنىڭ ئۇستىلىنىش تەسىرى ئالدىدا، جۇڭگو تەرەپ لائوس تەرەپ بىلەن بىرلىكتە يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ لائوس ئىقتىساد كارىدورى ۋە جۇڭگو ـ لائوس تۆمۈريولى قاتارلىق چوڭ تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ لائوسنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتا تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىككى تەرەپ مەدەنىيەت، ياشلار، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالاقە، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئاددىمىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ لائوس تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى داۋاملىق قوللايدۇ، پائال ئويلىشىپ لائوس تەرەپكە بىر تۈركۈم يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ۋاكسىنىسى بىلەن ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ لائوس تەرەپ بىلەن خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدىكى ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەرەققىيات، گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. شى جىنپىڭ تۆڭلۈننىڭ يېڭى، مۇھىم خىزمەت ئورنىدا يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

تۆڭلۈن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ لائوس پارتىيەسىنىڭ 11 ـ قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك يېپىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەن بىلەن تېلېفونلاشقانلىقىغا ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىمەن، بۇ يولداش باش شۇجىنىڭ لائوس ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە لائوس ـ جۇڭگو ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى ۋە ئەنئەنىۋى دوستانە مۇناسىۋىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. بۇ قېتىمقى لائوس پارتىيەسىنىڭ 11 ـ قۇرۇلتىيىدا بىر قاتار مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، لائوس پارتىيەسى پىرىنسىپلىقتا ئىگە ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلاش لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى يېتەكلەپ بىر قاتار يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، لائوسنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىشقا پۇختا ئاساس سالدى. لائوس تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ لائوسنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەرقايسى مەزگىللەردە، جۈملىدىن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا لائوس تەرەپنى قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ، لائوس ـ جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ھەرىكەت پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ، ھەرقايسى قاتلاملىق دوستانە ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لائوس تەرەپ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ چوقۇم ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بەلگىلەنگەن كۆرەش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ.

تېلېفونلاشقان ۋاقىتتا، شى جىنپىڭ تۆڭلۈن بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ لائوس دوستلۇق يىلىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى، يۈرۈشلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ـ لائوس دوستلۇقىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگوچە تورنى ئىدارە قىلىش يولىنى ئاچتى. يولداش شى جىنپىڭ تور كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئېلان قىلىپ، بىر قاتار يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش، يېڭى ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئالاقە تورى ئۇچۇر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. يولداش شى جىنپىڭنىڭ تور كۈچلۈك دۆلىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش بىزنىڭ تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، تور كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بايانلاردىن ئۈزۈندە» توققۇز مەخسۇس تېمىغا ئايرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 285 بۆلەك بايان بار، بۇلار يولداش شى جىنپىڭنىڭ 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە قىلغان سۆزى، دوكلاتى، نۇتقى، يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقى، تەبرىك خېتى قاتارلىق 100 پارچە مۇھىم ھۆججەت، ماتېرىيالدىن ئېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن بايانلار تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كۈچ قوشۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ مۇھىم، زور سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، تەرەققىياتنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ زور چەكتە قوزغىتىش كېرەك؛ مالىيە باشقۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، مالىيە مەبلىغىنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، «ئىقتىسادچىل تۇرمۇش» كەچۈرۈش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كېرەك؛ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشى مەبلىغى ۋە تۈرلىرىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۇنى تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ياخشى قوغداش كېرەك؛ ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، مەنبەدىن تۈزەشكە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، سۇ كەلگۈچە توغان سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىۋى ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش، ئاممىۋى مەبلەغنى ئىشلىتىش، ئاممىۋى قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارغا قارىتا چەكلەش ۋە نازارەتچىلىكنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتلىرى ماكرولۇق پىلانلاش، تەشكىللەپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى، ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگانلىرى ئىقتىسادىي تەپتىش نازارەتچىلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي تۈردە ياخشى ئادا قىلىشى، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئىقتىسادىي تەپتىشنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشقا قەتئىي ماسلىشىشى كېرەك. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئادا قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش مەسىلىلىرىنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى، سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىقتىسادىي تەپتىش كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ساياھەت كەسپى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرىدىغان تۈۋرۈك كەسپى بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رولغا ئىگە. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بېكىتكەن نىشان ئورنى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىنى زىچ چۆرىدەپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئالدىنقى شەرت ۋە كاپالەت قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېڭىنى بوشاشتۇرماسلىق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ قېيىپ كەتمەسلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت كەسپى بازىرى سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا يېتىشىگە پائال تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەدەنىيەت بايلىقى بىلەن ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھەر تەرەپلىمە يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق ساياھەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساياھەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر تۈركۈم سەر خىل ساياھەت لىنىيەسى، خاس ساياھەت مەھسۇلاتى بەرپا قىلىش كېرەك. ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق»تەك بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، «تېز كىرىش، ئاستا ساياھەت قىلىش» پۈتۈن رايون ساياھىتى قاتناش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ساياھەت ئۇچۇرى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەقلىي ساياھەتكە تۈرتكە بولۇپ، ئەقلىي مەنزىرە رايونى قۇرۇش كېرەك. تەشۋىقات، ماركېتىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، خاس ساياھەت بايلىقىغا تايىنىپ، «بىر جايدا بىر تەدبىر بولۇش» «بىر پەسىلدە بىر تەدبىر بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، تور سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، بازار تەرتىپىنى مەخسۇس تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنى تەلەپچانلىقنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ سۈپىتى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مەخسۇس تۈر گۇرۇپپىلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى بىلەن خىزمەتلەرنى جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. مەدەنىيەت، ساياھەت تارماقلىرى ۋە ھەرقايسى ئالاقىدار ئەزا ئورۇنلار پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشى تۇرغۇزۇپ، ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئەركىن تۇنىياز، جاۋ چۇڭجيۇ، جاۋ چىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ئىدىيە جەھەتتىن قوراللىنىشنى سىجىل كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئارقىلىق باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنچىللىق تىرىكى بىلەن تەمىنلەپ، نازارەتچىلىك خىزمىتى ئارقىلىق باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇلازىمەت كاپالىتى بىلەن تەمىنلەپ، ۋەكىللەر خىزمىتى ئارقىلىق باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى فۇنكسىيەلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى نىزام چىقىرىش ئورگىنى، شۇنداقلا قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش ئورگىنى، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قانۇن تورىنى زىچ توقۇپ، قانۇنچىللىق كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، يولغا قويۇشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق، قاراماي شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خېيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

---

**3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

## 2021 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى لى خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 2021 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 2021 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 2020 ـ يىللىق پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى نەتىجىلىرى خۇلاسىلىنىپ، 2021 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىدە، «ئىككى قېتىم قوبۇل قىلىش، ئىككى قېتىم چېكىندۈرۈش»تىن ئىبارەت ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىسلاھاتى 2021 ـ يىلى ئەمەلىي قانات يايدۇرۇلدى. 2021 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئەسكەر قوبۇل قىلىش 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى باشلىنىپ، 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ؛ كېيىنكى يېرىم يىللىق ئەسكەر قوبۇل قىلىش 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى باشلىنىپ، 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ.

ئەسكەرلىككە ئېلىش ئوبيېكتى داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىش گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى تۈرىدىكى داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە جەڭگە تەييارلىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىشتا ئېھتىياجلىق ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ھەربىي سەپكە كىرىشى ئالدىن تەستىقلىنىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان مۇنەۋۋەر ياشلار، تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان ھەربىيلەر، كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان ھەربىيلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنىش شەرتىگە توشىدىغانلىرىنىڭ ھەربىي سەپكە كىرىشى ئالدىن تەستىقلىنىدۇ.

ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە تىزىملىتىش ۋە چاقىرىق بويىچە تىزىملىتىش يولى رەسمىي ئېچىلدى، يېشى ماس كېلىدىغان ياشلار مەملىكەتلىك ئەسكەر قوبۇل قىلىش تورى (http://www.gfbzb.gov.cn)غا چىقىپ، تىزىملىتىش ئۇچۇرلىرىنى ئەينەن تولدۇرۇپ، ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئالدىنقى يېرىم يىللىق، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئەسكەرلىككە ئېلىنىشقا قاتنىشىشنى مۇۋاپىق تاللىسا بولىدۇ، كونكرېت ئەھۋالنى مەملىكەتلىك ئەسكەر قوبۇل قىلىش تورىغا چىقىپ تەكشۈرۈپ كۆرسە ياكى چاقىرىق بويىچە تىزىملىغان جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىن مەسلىھەت سورىسا بولىدۇ.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئەسكەر قوبۇل قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا يۇقۇم سەۋەبىدىن «يۇقۇملانماسلىق، تارقالماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىش سانى، سۈپىتىنى «قوش ئۆستۈرۈپ»، تىرىشىپ قىسىمغا تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى ساپالىق ئەسكەرلەرنى يەتكۈزۈپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈشنى ئەلا سۈپەتلىك ئەسكەرلەر تىرىكگە ئىگە قىلىش كېرەك.

## سانجى ئوبلاستىنىڭ قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى كىرىش خاراكتېرلىك كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بىر يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قۇتۇبى ناھىيەسى دوكلات قىلغان كىرىش خاراكتېرلىك كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بىر يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ھازىر بار بولغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى نۆللەشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ياڭ يىنىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ كىرىش خاراكتېرلىك كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يۇقۇملانغۇچىنىڭ كېسەللىك مەنبەسى ئىلمىي كۆرسەتكۈچى ۋە ئۆپكە قىسمىنىڭ رېنتگېندىكى ھالىتىنى ئۇدا، قاتتىق كۆزىتىپ ئۆلچىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتىش ۋە بەدەن ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلىنىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقىپ، تېببىي كۆزىتىشنى بىكار قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلدى.